# ئىزدىنىش

(تاللانما)

7

1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 7-سان
(ئومۇمىي 109-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 8-، 9-، 10-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

## مۇندەرىجە

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا
(1996-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى) ............................ جياڭ زېمىن(2)

"بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" ئاخىرى جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ .......................................... جۇ نەن(5)

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويايلى
—ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ........................ لىۇ مىڭزۇ(25)

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەيلى
............................................ ۋېي لىچۈن (34)

★7-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسنى كۈچەيتىش توغرىسدا*

(1996-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى)

جياڭ زېمىن

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە-سىنى كۈچەيتىش ئىشى سوتسىيالستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك.

ۋەتىنىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ دۆلەت. بەش مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بۇ زېمىندا ئىشلەپ ۋە ياشاپ كەلمەكتە. ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا ئىتتىپاقلى-شىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراستى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرىنى ئورتاق ئۆزلەشتۈرۈپ، شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ياراتتى، بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار، سىياسىي ئەربابلار، ھەربىي ئەربابلار، ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلار مەيدانغا كەلدى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى شەرققە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. جۇڭگو خەلقى تاجاۋۇزچىلار ئالدىدا ئەزەلدىن باش ئەگكەن ئەمەس، ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، مىللىتىنىڭ ئابرويىنى ۋە دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە. جۇڭگو خەلقى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدۇ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان مىللىي مۇناپىقلارغا ئىنتايىن نەپرەتلىنىدۇ، ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا چەكسىز ھۆرمەت قىلىدۇ، بۇ مىللىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مىجەزىدۇر.

ۋەتىنىمىز يېقىنقى زامان تارىخىدا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا ۋە بوزەك ئېتىشىگە ئۇزاق ۋاقىت ئۇچراپ كەلگەن. نۇرغۇن ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەندى ۋە ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر

* بۇ ماقالە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ج ك پ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ بېيجىڭ مۇراسىمىدا قىلغان سۆزىنىڭ بىر قىسمى.

بېسىپ، ئىگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بۇ كۈرەشنىڭ مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە قاراپ بۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي بەلگىسى بولدى. پارتىيىمىز ماركسىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەغدىرىنى كۆزىتىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ۋە يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆزىگە تارتىپ ۋە جەلپ قىلىپ ئورتاق كۈرەش قىلدى. پارتىيىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىكنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلەردە ئەڭ زور قۇربان بېرىپ، ئەڭ زور تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئەڭ قەتئىي، ئەڭ ئۇزۇل-كېسىل ۋەتەنپەرۋەرلەردۇر. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلگىسى.

ۋەتىنىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇستەقىل بولغان زامانىۋى سانائەت ۋە خەلق ئىگىلىك سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، كونا جۇڭگودا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتتى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە تۇرلۇك ئىشلاردا دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. خەلقىمىز ئۆز ئەمەلىيىتىدىن پەقەت سوتسىيالىزمنىڭلا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭلا جۇڭگونى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ بىردەكلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ۋەتەن ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرگەن، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان نۇرغۇن قەھرىمان-نەمۇنىچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى يەنىمۇ نۇرلاندۇردى.

ئىشلىرىمىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بىز چىڭ تۇرىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تار مىللەتچىلىكتىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، خەلقىمىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى پائال كىرگۈزۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ ئۆزى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زوراۋانلىق، زومىگەرلىكنىڭ خىرىس قىلىشىغا دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا، كەڭ كادىرلارغا ۋە ئاممىغا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە خەۋپسىزلىكىنى بىرىنچى

ئورۇنغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئالىي ئورۇنغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىر بەزىلەر ئېلىمىز بىلەن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقىنىلا كۆرۈپ، چەت ئەللەرنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ياخشى دەپ قاراپ، چەت ئەللەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۆز ۋەتىنىنى كەمسىتىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەت غۇرۇرى، كىشىلىك غۇرۇرىنى يوقىتىش، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن يانمايۋاتىدۇ. تارىختىن قېپقالغان مۇستەملىكىچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ بەزى جايلاردا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ يۈكسەك دىققىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

قىسقىسى، ھەر خىل تەسىرلىك، جانلىق شەكىللەر ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە تەشۋىقاتىنى كەڭ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ۋەتەننى سۆيۈش، پۈتۈن كۈچىنى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە تەقدىم قىلىشنى ئەڭ چوڭ شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئىززەت-ئابرويىغا زىيان يەتكۈزۈشنى ئەڭ چوڭ نومۇس دەپ بىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەك. خەلقىمىزنى ھەم ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى قەدىرلەيدىغان، ھەم بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان بېرىش بەدىلىگە كەلگەن مىللىي مۇستەقىللىك ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەدىرلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك. ياشلىرىمىزنى ۋەتەننىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى، پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ شانلىق تۆھپىسى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئىگىلەپ، ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ قاينىمىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆزىنى ئاتىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز ئۇلۇغۋار روھنى باشلامچىلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي غۇرۇرنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئالىي قوغدىشى كېرەك. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەرجىمىسى**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ ئاخىرى جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ

جۇ نەن

شىاڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتىكى ئۆتكۈنچى مەزگىل ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى، شىاڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى قۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، خۇاشيا ئوغۇل-قىزلىرى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان تارىخىي خاراكتېرلىك پەيت يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. شىاڭگاڭنىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى يولداش دېڭ شياۋپىڭ سۇرەتلەپ بەرگەن ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“تىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شىاڭگاڭنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىش ھارپىسىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ياد ئەتكىنىمىزدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ ماركسىزمچىغا خاس يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە كەڭ قورساقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنىڭ دانا، توغرا تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە زور ئەھمىيىتىنى «”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرى ھەم ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» («ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 7-سانىغا قاراڭ) دېگەن ماقالەمدە ئۆزەمنىڭ يۈزەكى چۈشەنچەمنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يەردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنى قانداق ئوتتۇرىغا قويغانلىقى شۇنداقلا بۇ تەسەۋۋۇر ئاساسىدا بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بەلگىلىگەنلىكى ھەمدە ئۇنى شىاڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا قوللانغانلىقىنى نۇقتىلىق ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن. چۈنكى بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى ماركسىزملىق مەيدان، كۆزقاراش ۋە ئۇسۇل بىلەن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ زور ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ شانلىق نەمۇنىسىدۇر. بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنى ئۆگىنىش شىاڭگاڭنىڭ تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈۋېلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، شىاڭگاڭ قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، شىاڭگاڭنىڭ

ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشى ۋە گۈللىنىشىنى ساقلاش ھەمدە ئاۋمېننىڭ ئۇگۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىنىشىنى ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرى ۋەتەننىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن، ئۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز — جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈم، بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى–شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش يەنى ’بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش‘.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3–توم، 448–بەت) ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرى بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ ئۇلۇغ نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەنلىكىگە ئوخشاش، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىمۇ قۇرۇقتىن–قۇرۇق مەيدانغا كېلىپ قالغان بولماستىن، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە خۇلاسىلەپ يىغىنچاقلىشى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەسىلىسى تارىختىن قېپقالغان مەسىلە. 1949–يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تەنتەنىلىك ھەم مۇقەددەس تارىخىي بۇرچى قىلىپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلار يەنىلا چەت ئەللەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ، تەيۋەنمۇ ۋەتىنىمىز چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرماقتا. ئەينى چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن، تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا شەرت–شارائىت ھازىرلانمىغانىدى، ئىچكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمۇ شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىنى سوتسىيالىستىك جۇڭگو بىلەن كاپىتالىستىك غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك قىلىشقا موھتاج ئىدى. دېمەك، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالدىمىزدا تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن مەسىلىسىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى تۇراتتى. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىدىكى كاپىتالىستىك تۈزۈم تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاھالىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى

جەھەتتە تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرى بىلەن ۋەتەن چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدا زور پەرقنى پەيدا قىلغان. ئەگەر زورمۇزور ‟بىر دۆلەتتە بىر خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش„ ئۇسۇلى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، ھەممە تەرەپكە پايدىسىز. ‟بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش„ تەسەۋۋۇرى دەل جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ ھەمدە بۇ رايونلارنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋالى تولۇق نەزەرگە ئېلىنىپ، جۇڭگو دۇچ كەلگەن بۇ ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پەيدىنپەي شەكىللەندۈ-رۈلگەن، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىكنىڭ مەھسۇلى.

‟بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش„ شياڭگاڭ مەسىلىسىگە قارىتىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دېيىلگەن بىر خىل قاراشمۇ بولۇپ ئۆتكەنىدى، دېمەك ‟بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش„ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ۋاقىتلىق تەدبىر، دەپ ھېسابلانغانىدى. روشەنكى، بۇ قاراش ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدۇ. گەرچە ‟بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش„ نەزەرىيىسى ئالدى بىلەن شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەڭ دەسلەپتە تەيۋەن مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئىزچىل مەيدانى ئىمكانقەدەر تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش، لېكىن قورال كۈچى ئىشلەتمەيمىز دەپ ۋەدە بەرمەسلىك. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ھۆججەتلەردىن شۇنى بىلىمىزكى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەي زۇڭلى 50-يىللاردىلا تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 50-يىللاردىن 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى قىرغاقتىكىلەر مەخپىي يول بىلەن بۇ مەسىلە ھەققىدە پىكىرلەشكەنىدى. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇ ئېنلەينىڭ ئومۇملاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان سىياستى ‟بىر پرىنسىپ، تۆت نۇقتا„غا يىغىنچاقلانغان. ‟بىر پرىنسىپ„ دېگىنى تەيۋەن جۇڭگو بىلەن بىرلىككە كېلىشى شەرت دېگەندىن ئىبارەت، ‟تۆت نۇقتا„نىڭ مەزمۇنى بولسا، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تەيۋەن جۇڭگو بىلەن بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تاشقى ئىشلارنى مەركەز بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن سىرت، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەر ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت (توڭ شياۋپىڭ يازغان «بوران-چاپقۇنلۇق 40 يىل»نىڭ 2-قىسىم، 276-بېتىگە قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇ ئېنلەي زۇڭلى يەنە شياڭگاڭغا قارىتا ‟يىراقنى كۆزدە تۇتۇش، تولۇق پايدىلىنىش„ فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ‟بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش„ تەسەۋۋۇرىنىڭ بىخلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

‟بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش„ تەسەۋۋۇرى ئاساسەن 70-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەكىللەنگەن. 1978-يىلى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىككىنچىسى ‟ۋەتەننىڭ

بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش“تىن ئىبارەت. جۇڭگو-ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش سۆھبىتى داۋامىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورۇنداش جەھەتتىكى ئاساسىي فاڭجېنى شەكىللەندى، بۇ فاڭجېن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن بولغان بىر قاتار سۆھبەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ، تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندا، بىز تەيۋەننىڭ رېئاللىقىغا ھۆرمەت قىلىمىز، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ساقلاپ قالىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تەگمەيمىز، چەت ئەلنىڭ تەيۋەندىكى مەبلىغىغە تەگمەيمىز، لېكىن ۋەتىنىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرىمىز، دەپ كۆرسەتتى. 1979-يىلى يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» نى ئېلان قىلىپ، تىنچ يول بىلەن ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئورۇنداشنى قولغا كەلتۈرۈش فاڭجېنىنى جاكارلىدى. 1981-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى دائىمىي كومىتېت باشلىقى يې جيەنيىڭ تەيۋەن مەسىلىسى ھەققىدە توققۇز نۇقتىلىق بايانات ئېلان قىلىپ، بىزنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىمىزنى سىستېمىلىق شەرھلەپ ئۆتتى، بۇ، دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەيۋەندە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىپ، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ ھەم ئارمىيىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ؛ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيۋەننىڭ يەرلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ؛ تەيۋەندە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ئۆزگەرتىلمەيدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، چەت ئەل بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توققۇز ماددا ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىرقەدەر تولۇق ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: باش قوماندان يې جيەنيىڭنىڭ توققۇز ماددىسى ”’بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش‘ دېگەن پىكىرگە يىغىنچاقلانمىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە شۇ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.“(«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 207-بەت). كېيىن ھۆكۈمىتىمىز تۈزگەن شياڭگاڭغا قارىتىلغان 12 ماددىلىق ئاساسىي فاڭجېن-سىياسەتتە، پەقەت تەيۋەنگە قارىتىلغان توققۇز ماددا ئاساسىدا، شياڭگاڭنىڭ ئەركىن پورت ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولۇش ئورنى ئۆزگەرتىلمەيدۇ، شۇنىڭدەك دۆلەت مۇداپىئەسىگە مەركەز مەسئۇل بولىدۇ ھەم شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇپ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، دېگەن مەزمۇنلار قوشۇلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يۇقىرىقى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرى شياڭگاڭ مەسىلىسىدىن باشلانغان بولماستىن، بەلكى تەيۋەن مەسىلىسىدىن باشلانغان. كېيىن شياڭگاڭ مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، بىز تەبىئىي ھالدا ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“نى ئوتتۇرىغا قويدۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە مۇنداق دېدى: ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ”ماركسىزمچە

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمغا مەنسۇپ پىكىر دېيىش، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر دېيىش كېرەك. بۇ پىكىر جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شياڭگاڭ مەسىلىسىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش، تەيۋەن مەسىلىسىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش— جۇڭگونىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەمەلىي مەسىلە. تەيۋەن مەسىلىسى بىلەن شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىككىلا ئۇسۇلى بار، بىرى، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلى، يەنە بىرى، غەيرىي تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلى. شياڭگاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، شياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىمۇ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىمۇ نەزەردە تۇتماي بولمايدۇ. يەنى مەسىلىنى ئۈچ تەرەپنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلالايدىغان بىر چارە بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» (يۇقىرىقى كىتاب، 205—206-بەتلەر). «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» ئۇسۇلى بىلەن شياڭگاڭ مەسىلىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىش دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا يارىتىلغان بىر مۆجىزىدۇر. ئۆينى يىللاردا، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ساچېر خانىم: «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرى ئۆلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كارامەت ئىجادىيەت بولۇپ، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن جاۋاب بەردى، دېدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى بۇنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي تالاش-تارتىش مەسىلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىشى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى، دەپ ماختىدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس يىراقنى كۆرەرلىك ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن، دۇنيانىڭ رېئاللىقى، تارىخنىڭ ھالىتى ۋە جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئىجادىي خاراكتېرلىك ستراتېگىيىلىك ئىدىيىدۇر.

**2. يولداش دېڭ شياۋپىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرىنى ئىجادچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماي، بەلكى مۇشۇ تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، جۇڭگو-ئەنگلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى سۆھبىتى، شياڭگاڭ نېگىزلىك قانۇننى تەييارلاش خىزمىتى شۇنىڭدەك ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ئۆزى

رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ ھەم تولۇقلاپ، دىئالېكتىك تەپەككۇر بىلەن تولغان بىر قاتار چوڭ-چوڭ پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى مەسىلە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە؛ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" تەسەۋۋۇرى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇناسى-ۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلە؛ بىر دۆلەت شەرتى ئاستىدىكى ئىككى خىل تۈزۈم بىلەن ئىككى خىل تۈزۈم (بولۇپمۇ ئاساسىي گەۋدە قىسمىدىكى تۈزۈم)نىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولماسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلە؛ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈش بىلەن مەركەزنىڭ مۇلۇم ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلە؛ "شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئىدارە قىلىشى" بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنىڭدەك شياڭگاڭنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە غەربنىڭ ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدىغانلىقى ۋە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشتا تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە، ۋەھاكازالار.

**(1) جۇڭگو-ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى.** 1982-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ساچېر خانىم بىلەن بولغان سۆھبىتى جۇڭگو-ئەنگلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا رەسمىي كىرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتۇر. سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو-ئەنگلىيە سۆھبىتىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئاساسىي مەسىلىنى ئېنىق بەلگىلىدى: بىرىنچى، ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى؛ ئىككىنچى، شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالغىنىمىزدىن كېيىن شياڭگاڭنى قانداق باشقۇرۇش، يەنى شياڭگاڭدا قانداق تۈزۈم يۈرگۈزۈش مەسىلىسى؛ ئۈچىنچى، 15 يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىل توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلار، يەنى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن قانداق قىلىپ شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەمدە مۇشۇ مەزگىلدە چوڭ داۋالغۇشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى. ئۇ يەنە سۆھبەت مۇددىتىنىڭ ئىككى يىل بولىدىغانلىقىنى، سۆھبەتتە بىر پىكىرگە كېلەلمىسە ياكى شياڭگاڭدا مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ قالسا، جۇڭگونىڭ شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلىنى يېڭىباشتىن ئويلىنىپ كۆرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ساچېر خانىم ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تەڭسىز شەرتنامى-نىڭ ھېلىھەم كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە جۇڭگو شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالسا شياڭگاڭغا "ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت" كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سەپسەتىگە نۇقتىلىق رەددىيە بەردى. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق

دەپ كۆرسەتتى: ”ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس“، جۇڭگونىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە باشقىچە يولنى تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت يوق؛ ھازىرقى جۇڭگو ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەتتەك ھۆكۈمەت ئەمەس، جۇڭگو رەھبەرلىرى لى خۇڭجاڭدەك رەھبەر ئەمەس، بىز 1997-يىلى شياڭگاڭ ئارىلى، جۇلۇڭ ۋە ”شىنجيې“نى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن زېمىننى قايتۇرۇۋالماي بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ بىرىنچى مەسىلىدىكى يەنى ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدىكى ياكى ”بىر دۆلەت“ مەسىلىسىدىكى مەيداننى كەسكىن ھەم ئېنىق قىلىپ شەرھلەپ بەردى. بۇ دەل بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ نۇقتىلىق يېرىدۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبەت داۋامىدا 1997-يىلدىن كېيىنكى شياڭگاڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئاساسىي تەسەۋۋۇرلىرىنىمۇ، جۈملىدىن شياڭگاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ شياڭگاڭدا ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىدىغانلىقى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى 50 يىلغىچە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ھەتتا كۆپ قىسىم قانۇنلارنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويىدىغانلىقى ۋەھاكازالارنى سۆزلەپ ئۆتتى.

”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرى مۇشۇ قېتىمقى سۆھبەتتە شەرھلەندى. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: ”بىزنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پەدىمىز شۇ چاغدىلا تايىن تاپقان، كېيىن بىز ئەمەلىيەتتە مۇشۇ پەدە بويىچە يول تۇتتۇق.“(يۇقىرىقى كىتاب، 171-بەت) ئەمەلىيەتتە، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى 22 قېتىملىق سۆھبىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭ بېكىتىپ بەرگەن ئاساسىي پەدە بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

تەرتىپ بويىچە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك قارالمىدا، ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى باشتىن-ئا-خىر سۆھبەتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭىپ كىرگەن ئاساسىي مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتىن باشلاپ 1983-يىل 2-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئەنگلىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپتىن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ”ئىگىلىك ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تېگىشىش“تىن ئىبارەت بولمىغۇر تەشەببۇسقا قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. دېمەك، ئۇلار جۇڭگوغا قۇرۇق نامدىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ شياڭگاڭغا بولغان داۋاملىق باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىدى. پەقەت يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى ھىس بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ خىل نەيرەڭگە قاتتىق رەددىيە بەرگەن ھەمدە ئەنگلىيە پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتمىسە، 1984-يىلغا بارغاندا جۇڭگو شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ سىياسىتىنى بىر تەرەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەندىن كېيىنلا، ئەنگلىيە تەرەپ رايىدىن مەلۇم دەرىجىدە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى سۆھبەتلەردە، ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تالاش-تارتىشلار يەنىلا

ئارىلاپ چىقىپ تۇردى. مەسىلەن، ئىككىنچى تۈرلۈك قارالمىنى يەنى 1997-يىلدىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئەنگلىيە تەرەپ تۈرلۈك بىمەنە باھانىلەر بىلەن جۇڭگونىڭ شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى چەكلىمەكچى بولدى، كېيىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇناسىۋەتلىك گەپ-سۆزلىرىنى ئاشكارا ھالدا قاتتىق ئەيىبلىگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە تەرەپ ئاندىن نائىلاج پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. يەنە مەسىلەن، دىپلوماتىيە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئەنگلىيە تەرەپ يەنە كەلگۈسىدە ئەنگلىيە جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش، شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىدا "باش كونسۇلخانا" تەسىس قىلماستىن، بەلكى شياڭگاڭدا ئەنگلىيە دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بولغان مۇستەقىل دۆلەتلەردىلا تۇرغۇزۇلىدىغان "ئەنگلىيە ۋالىيسى" تۇرغۇزۇشى كېرەك دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلاردا شياڭگاڭ ئەنگلىيە دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي ئەزا دۆلىتى ياكى يېرىم مۇستەقىل سىياسىي سۇبستانسىيە دېگەن تەسىراتنى قالدۇرماقچى بولدى. 1997-يىلدىن كېيىن شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىنىڭ "يۈكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقى"دىن بەھرىمان بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەنگلىيە تەرەپ "يۈكسەك ئاپتونومىيە" دېگەن سۆزنى "ئەڭ زور چەكتىكى ئاپتونومىيە" دەپ ئۆزگەرتىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق بولۇشىغا قارشى تۇردى، ھەتتا شياڭگاڭ سالاھىيەت كىنىشكىسى بار بارلىق چەت ئەللىك ئەمەلدارلار (ئاساسلىقى ئەنگلىيىلىك ئەمەلدارلارنى كۆرسىتىدۇ) "ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى سىستېمىسىدا ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ئەمەلدارلىققىچە ۋەزىپە ئۆتىيەلەيدۇ" دېگەننى تەلەپ قىلدى، ھەمدە جۇڭگو تەرەپتىن 1997-يىلدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە تەرەپنىڭ شياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قانۇنلىرىغا ھەرقانداق ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈشىگە يول قويۇش، 1997-يىلدىن كېيىن جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇنى ئۆز پېتىچە قوبۇل قىلىشى، يەنە ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەسلىكى توغرىسىدا ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپلەر سان-ساناقسىز. بۇنداق بىمەنە تەشەببۇسلارغا ئەلۋەتتە بىز تەرەپتىن قاتتىق رەددىيە بېرىلدى.

ئۈچىنچى تۈرلۈك قارالمىنى يەنى ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، جۇڭگو تەرەپ ئۆتكۈنچى ئىشلارنىڭ تىنچ ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شياڭگاڭدا جۇڭگو-ئەنگلىيىنىڭ دائىملىق بىرلەشمە ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىپ، ئۆتكۈنچى مەزگىل ئىچىدىكى جۇڭگو-ئەنگلىيە كېلىشىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ماسلاشتۇرۇشقا ھەمدە ھاكىمىيەتنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا مەسئۇل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەنگلىيە تەرەپ "ئۆتكۈنچى مەزگىل" دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى شياڭگاڭدا ھەرقانداق دائىملىق ئاپپاراتنى تەسىس قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، بۇنداق قىلىش مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە شياڭگاڭغا بولغان ئاتالمىش "جۇڭگو-ئەنگلىيە ئورتاق باشقۇرۇش ھالىتى"نى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېدى. سۆھبەت مۇشكۇل ھالغا چۈشۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، بىرلەشمە ئاپپاراتنى چوقۇم تەسىس قىلىش كېرەك، يەنە كېلىپ چوقۇم شياڭگاڭدا تەسىس قىلىش كېرەك، لېكىن ئاپپاراتنىڭ ئاتىلىشى، ۋەزىپىسىنىڭ بايان قىلىنىشى ھەمدە ئاپپاراتنىڭ كىرىش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋاقتى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەردە جانلىق بىر تەرەپ قىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ تىركىشىپ تۇرىدىغان ھالەت بۇزۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە كەسكىن ھالدا ئەنگلىيە تەرەپكە: ئۆتكۈنچى مەزگىلدە شياڭگاڭ پۇلىنىڭ ئورنىدا داۋالغۇش بولۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، يەرنى كەلسە-كەلمەس تەستىقلايدىغان ھەمدە ئۇنىڭ كىرىمىنى پۈتۈنلەي مەمۇرىي چىقىمغا ئىشلىتىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، كەلگۈسىدىكى ئالاھىدە رايوننىڭ مالىيە يۈكىنى ئېغىرلىتىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئۆز ئالدىڭلارغا شياڭگاڭنى ئىدارە قىلىدىغان بىر يۈرۈش بەنزىنى تەشكىللەپ، ئۇنى ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە تاڭىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئەنگلىيە كاپىتالى تەرەپنىڭ مەبلىغىنى باش بولۇپ يۆتكەپ كېتىشىنى توسۇڭلار، دېگەن تەلەپلەرنى قويدى. ئەنگلىيە تەرەپ ئەينى چاغدا بۇ ھەقتە ئىجابىي تەرەپتىن ۋەدە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان جۇڭگو-ئەنگلىيە يەر كومىتېتى دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ "بەشنى قىلماسلىق" ئىدىيىسىگە ئاساسلىنىپ لايىھىلەپ چىقىلغان. جۇڭگو-ئەنگلىيىنىڭ يېڭى ئايرودرومنىڭ مالىيە چىقىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتىمۇ ئۇنىڭ يۇقىرىقى يوليورۇقى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە بىزگە: ئۆتكۈنچى مەزگىلدە بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنمايدىغان بەزى مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىغا تەييارلىنىپ قويۇشىمىز كېرەك، دەپ نەسىھەت بەردى. كېيىن دەرۋەقە بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنمايدىغان بەزى ئەھۋاللار ۋە مەسىلىلەر مەيدانغا چىقتى، ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" تەسەۋۋۇرى بويىچە جۇڭگو-ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى سۆھبىتىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغانلىقى كەسكىن پرىنسىپاللىق بىلەن يۇكسەك جانلىقلىقنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭ ئىنتايىن مول سىياسىي تەجرىبىسى ۋە ئەقىل-پاراستىنى، ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان دانا تەسەۋۋۇرى ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

**(2) يولداش دېڭ شياۋپىڭ نېگىزلىك قانۇننى تەييارلاش خىزمىتىگە ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى.** 1984-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتىغا رەسمىي قول قويۇلغاندىن كېيىن، شياڭگاڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلگە قەدەم قويدى، بۇ مەزگىلدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتىنىڭ مەزمۇنىنى قانۇنلاشتۇرۇش، يەنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ نېگىزلىك قانۇنى»نى تەييارلاشتىن ئىبارەت بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە 1990-يىلغىچە كېچىكمەي نېگىزلىك قانۇننى

تەبيارلاش خىزمىتىنى تۇگىتىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ نىگىزلىك قانۇننى تەبيارلاش خىزمىتىنى تۇگىتىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نىگىزلىك قانۇننى تەبيارلاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شياڭگاڭ ھەر ساھە زاتلىرىنى كۆپ قېتىم قوبۇل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر ھەققىدە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىنچاقلىغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەينى چاغدا كۆرسەتكەن ئاساسلىق يوليورۇقلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: نىگىزلىك قانۇننىڭ مەزمۇنىنى بەك ئىنچىكە قىلىپ كەتمەسلىك كېرەك؛ شياڭگاڭنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى پۈتۈنلەي غەربچىلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك، غەربنىڭ پەدىسىدە ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ، شياڭگاڭدا ھازىر ئەنگلىيىنىڭ تۈزۈمى، ئامېرىكىنىڭ تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتقىنى يوق، كەلگۈسىدىمۇ ئۈچ ھوقۇق ئايرىم تۇتۇلىدىغان تۈزۈم ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويماسلىق كېرەك؛ دېموكراتىيىنى كېڭەيتىشنى ”تەدرىجىي ئىلگىرىلەش“ پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ مەركەز بىلەن شياڭگاڭ ئالاھىدە رايوننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“نى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا، پەقەت شياڭگاڭنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇشدا ئۆزگىرىش بولمايلا قالماستىن، يەنە دۆلەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشىدا ئۆزگىرىش بولماسلىقىنى بەلگىلەش كېرەك؛ شياڭگاڭنى دېموكراتىيە نىقابى ئاستىدا جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قارشى تۇرىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇشقا يول قويماسلىق كېرەك. ئۇ يەنە كۆپ قېتىم تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە شياڭگاڭلىقلارنىڭ قاتنىشىشىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قوللاپ، شياڭگاڭلىقلارنىڭ شياڭگاڭنى ئىدارە قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك؛ شياڭگاڭلىقلارنىڭ شياڭگاڭنى ئىدارە قىلىشىدا ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش كېرەك، ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئۆلچىمى ئۆز مىللىتىنى ھۆرمەتلەش، ۋەتەننىڭ شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىن قەلبىدىن قوللاش، شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرى نىگىزلىك قانۇننى تەبيارلاش خىزمىتىنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئاچقۇچ خاراكتېرلىك يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى. دەل ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، نىگىزلىك قانۇندا شياڭگاڭ ئالاھىدە رايوننىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ”قانۇن چىقىرىشنى ئاساس قىلىش“نى يولغا قويماي، ”مەمۇرىي باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش“نى يولغا قويۇش پرىنسىپى ئورنىتىلىپ، ”تەدرىجىي ئىلگىرىلەش“ پرىنسىپىغا ئاساسەن دېموكراتىك سايلامنى قەدەممۇقەدەم كېڭەيتىش لايىھىسى بەلگىلەندى؛ ھەمدە نىگىزلىك قانۇندا ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى ماددىلار ئېنىق يېزىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەكىتلىگەن شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئىشلارغا قاتنىشىشىنى قوللاش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، نىگىزلىك قانۇننى تەبيارلاش خىزمىتىدە ياكى ئۆتكۈن-

چى مەزگىلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تەييارلىق خىزمەت ھەيئىتىنى ۋە ئالاھىدە رايوننى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنى تەشكىللەشتە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تۇرلۇك شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ شياڭگاڭلىقلار قاتناشتۇرۇلۇپ، 1997-يىلدىكى ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن بىرقەدەر تولۇق شەرت-شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا، نېگىزلىك قانۇننى تەييارلاش ھەيئىتى تۆت يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى»نى تەييارلاش خىزمىتىنى ئاخىرى تاماملىدى. بۇ خىزمەتكە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى "بىر ئىجادىي نادىر ئەسەر"، "تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قانۇن يېزىپ چىقتىڭلار"دېدى(يۇقىرىقى كىتاب، 732-بەت).

**(3) نېگىزلىك قانۇن رەسمىي ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىگە يەنىلا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ھەمدە ئۆتكۈنچى مەزگىلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى.** 90-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، ھازىرقى جۇڭگو ھاكىمىيىتى 1997-يىلغا يېتىپ بارالماسلىقى مۇمكىن دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگوغا بولغان سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو-ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. ئۇلار بىر تەرەپلىمە ھالدا شياڭگاڭنىڭ باشقا قانۇنلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «شياڭگاڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇن نىزامى»نى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە مۇشۇ نىزامدىكى "ئۈستۈن تۇرىدىغان ماددىلار"دىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى قانۇنلارنى زور ھەجىمدە ئۆزگەرتىپ، نېگىزلىك قانۇندا بەلگىلەنگەن "مەمۇرىي باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش" پرىنسىپىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولدى. ئارقىدىنلا جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتى، نېگىزلىك قانۇن ۋە ئىككى تەرەپ ماقۇللىغان كېلىشىملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، 1992-يىلى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاتالمىش "سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھىسى"نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ لايىھە ئىككى تەرەپ كېلىشكەن "تەدرىجىي ئىلگىرىلەش" پرىنسىپىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، ئاتالمىش "دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش" نىقابى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ 1997-يىلدىن كېيىنكى ئالاھىدە رايون قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ ھەمدە "مەمۇرىي باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش"نىڭ ئورنىغا "قانۇن چىقىرىشنى ئاساس قىلىش"نى قەدەممۇقەدەم دەسسىتىپ، شياڭگاڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ شياڭگاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق تەسىر قىلىشلىرىغا ئوڭايلىق ياراتماقچى، ھەتتا كۆڭۈللىرىنىڭ بىرىدە شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، شياڭگاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىققان مۇستەقىل ياكى يېرىم مۇستەقىل بىر سىياسىي

سوبستانسىيىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىۋالدى، ھەمدە دەل ۋاقتىدا مۇنداق دەپ ئېنىق يوليورۇق بەردى: ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقتەك ھەرىكىتىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇش كېرەك، ھەرگىز يول بېرىشكە بولمايدۇ، ئۇلاردىن جۇڭگو-ئەنگلىيە كېلىشىمنى يەنە ئېتىراپ قىلامسىلەر-يوق دەپ سوراش كېرەك، ئەگەر ئەنگلىيە تەرەپ يەنىلا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا، بىز باشتىن ئىش كۆرىمىز. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: مېنىڭ 1982-يىلى ساچېر خانىم بىلەن سۆزلەشكەندە دېگەن گەپلىرىم بۇگۈنكى كۈندە يەنىلا كۈچكە ئىگە. مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيىتتە، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشرىدىن چىقتى، ھەمدە بۇنىڭدىن بۇرۇن گېزىتتە «بىزنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي مەيدانىمىز» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»دىكى شياڭگاڭ مەسىلىسىگە دائىر توققۇز پارچە ماقالە ئايرىم كىتاب قىلىپ تارقىتىلدى، بۇلار بىزگە ئىنتايىن كۈچلۈك يېتەكچى قورال ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى. بۇ يوليورۇقلارغا ئاساسەن، بىز جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتى ۋە ئېگىزلىك قانۇننى قەتئىي قوغداپ، ئەنگلىيە تەرەپنىڭ خاتا ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن يوللۇق، پايدىلىق، چەكلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو-ئەنگلىيە كېلىشىمنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇزۇۋېتىش مەقسىتىنى توسۇۋالدۇق، شۇنىڭ بىلەن شياڭگاڭنىڭ تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈۋېلىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدۇق.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى تۆكتى. ئۇ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" تەسەۋۋۇرى بويىچە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇ مۇشۇ نەزەرىيىدىن پايدىلىنىپ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ماركسىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شياڭگاڭ مەسىلىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. شياڭگاڭ يات ئەلدە ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىش ئالدىدا، بىز قىلچە كۆپتۈرۈۋەتمەي شۇنداق دېيەلەيمىزكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بولمىغان بولسا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"تىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بولمىغان بولسا، شياڭگاڭ مەسىلىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇشى مۇمكىن بولمايتتى، شياڭگاڭنىڭ بۈگۈنكىدەك ياخشى ۋەزىيەتتە تۇرۇشى ۋە تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە يۈزلىنىشى مۇمكىن بولمايتتى.

**(4) يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، شياڭگاڭنىڭ تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈۋېلىنىشىغا پايدىلىق بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەت**

**شەكىللەندى.** شياڭگاڭنىڭ يېڭى ئايرودروم قۇرۇلۇشى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن سۆھبەتلىشىش ھەمدە چۈشىنىش ئەسلەتمىسىگە قول قويۇشتىن تارتىپ ئەنگلىيە تەرەپنىڭ "ئۈچكە خىلاپ بولغان" "سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھىسى"نى بىر تەرەپلىمە ھالدا يولغا قويۇشىغا قارشى تۇرۇشقىچە، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى باشتىن-ئاخىر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى. ئەنگلىيە تەرەپ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ بولغان قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنى، "بىۋاسىتە ئۆتكۈزۈش" ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزۇۋەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، مەركەز يەنە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى بالدۇرراق ئېلىپ بېرىش قارارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1993-يىلى 3-ئايدا، 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا قارار چىقىرىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ھەيئىتىنى تەسىس قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە رايوننى قۇرۇشقا تەييارلىنىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك خىزمىتى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئالدىغا سۈرۈلدى. شياڭگاڭدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشى ئارقىسىدا، تەييارلىق خىزمىتى ھەيئىتى بىرىنچى نۆۋەتلىك ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، جۈملىدىن سايلام كومىتېتى، مەمۇرىي باشلىق ۋە ۋاقىتلىق قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى شۇنىڭدەك سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، مەدەنىيەت-مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، ھەمدە كەڭ شياڭگاڭلىقلار بىلەن قايتا-قايتا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق تولۇق لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە رايوننىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئۈچۈن ۋاقىت قولغا كەلتۈرۈلۈپ، تەشەببۇسكارلىق قولغا ئېلىنىپ، ياخشى ئاساس يارىتىلدى.

1996-يىلىنىڭ بېشىدا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى، رەئىس جياڭ زېمىن يەنە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا "ئۆزىمىزنى ئاساس قىلىش" ۋە "شياڭگاڭلىقلارغا يۆلىنىش، شياڭگاڭلىقلارغا تايىنىش" فاڭجېنىنى بەلگىلەپ بەردى. بۇ فاڭجېنغا ئاساسەن، تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تەييارلىق خىزمىتى ھەيئىتىنىڭ ئىككى يىلدىن ئارتۇق خىزمەت ئىشلەش ئاساسىدا، ئالدى بىلەن شياڭگاڭدا كەڭ كۆلەملىك مەسلىھەت سوراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈنلەي شياڭگاڭدىكى دائىملىق ئاھالىلەردىن تەشكىللەنگەن سايلام كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ئارقىدىنلا سايلام كومىتېتى بىرىنچى نۆۋەتلىك ئالاھىدە رايون مەمۇرىي باشلىقلىقىغا 3 نەپەر نامزات سايلاپ چىقتى، بۇ نامزاتلار تېلېۋىزوردا نەق مەيداندا كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇشتىكى تەشەببۇسلىرىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ھەر ساھەدىكى سايلام كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قويغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى، ئەمەلىيەتتە بارلىق شەھەر ئاھالىسى بۇ قېتىملىق سايلام پائالىيىتىگە قاتنىشقا

مۇيەسسەر بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا 400 نەپەر سايلام كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دۇڭ جيەنخۇا ئەپەندىنى ئالاھىدە رايوننىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك مەمۇرىي باشلىقلىقىغا سايلاپ چىقتى، ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەزىپىگە قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سايلام كومىتېتى يەنە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالاھىدە رايون ۋاقىتلىق قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ 60 نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى، ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان شياڭگاڭ قانۇن ئىدارىسىنىڭ سايلامغا قاتناشقان 34 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىدىن 33 نەپىرى ۋاقىتلىق قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ھەر ساھەدىكىلەر ۋاقىتلىق قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنى كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلىشتى. شياڭگاڭ جامائەتچىلىكى بۇ ئىككى قېتىملىق سايلامنى شياڭگاڭنىڭ سىياسىتىنىڭ دېموكراتىك ھەققىي باشلىنىشى دەپ تەرىپلىدى.

قانۇن مەسىلىسى جەھەتتە، تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شياڭ-گاڭ-ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر تەرەپلىمە تۈزۈپ چىققان «شياڭگاڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇن نىزامى» دىكى باشقا قانۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنى چىقىرىۋېتىش، ”ئۈستۈن تۇرىدىغان ماددى-لار“ دىن پايدىلىنىپ ئەسلىدىكى قانۇنلارغا كىرگۈزگەن مەلۇم چوڭ ئۆزگەرتىشلەرنى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ قانۇنى دەپ قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئارقىدىنلا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن شياڭگاڭ-ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دائىرىلىرىنىڭ بىرلەشمە باياناتقا ۋە نېگىزلىك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئەسلىدىكى قانۇنلارغا زور ھەجىمدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەمدە ئۇنى ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە تېڭىش مەقسىتىنى يوققا چىقاردى. قوبۇل قىلىنمىغان قانۇنلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش-تول-دۇرماسلىق ۋە قانداق تولدۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى پۈتۈنلەي ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ھەم جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتىنىڭ كەسكىنلىكىنى ساقلاپ قالغان، ھەم ئالاھىدە رايوننىڭ يۇقىرى ئاپتونومىيىسىگە بولغان ھۆرمەت ئىپادىلىگەن بولغاچقا، كەڭ شياڭگاڭلىقلار-نىڭ تەرىپلىشىگە ۋە قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

نۆۋەتتە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئومۇمىي جەھەتتىن پۈتتى، شياڭگاڭنىڭ تىنچ ئۆتكۈزۈۋېلىنىشى ئېنىق بولۇپ قالدى. بۇ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شياڭگاڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن توغرا سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجىدۇر.

**3. ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“نىڭ ئاقىدىغانلىقى ئەمەلىيەت جەريانى-دا ئىسپاتلاندى. ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئەمەلىيەت يەنە ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا**

**قويۇش"نىڭ شياڭگاڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەر تەرەپلىمە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1984-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: بىز "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا، "ئۇ كىشىلەرگە ئۇلگىرى ھېچكىم دەپ باقمىغان بىر يېڭى تىل بولۇپ تۇيۇلدى. بۇ تەشەببۇس ئاقارمۇ-ئاقماسمۇ دەپ گۇمانلانغانلارمۇ چىقتى. بۇنىڭغا پاكىت بىلەن جاۋاب بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ" (يۇقىرىقى كىتاب، 207-بەت). گەرچە "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" تەسەۋۋۇرىنى ھەر تەرەپلىمە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىنكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى، بىزنىڭ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"تىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر بويىچە تۈزۈپ چىققان تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىمىز، ھەمدە كەڭ شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئالاھىدە رايوننىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە قاتنىششىنى ئاكتىپ قوللاشتەك نۇرغۇن پاكىتلار جاراڭلىق ھالدا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" نەزەرىيە جەھەتتە ئىلمىي، ئەمەلىيەت جەريانىدا پۈتۈنلەي ئاقىدۇ. 13 يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئەمەلىيەتمۇ شياڭگاڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"نىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى نەتىجىلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەپ، پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

**يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر ۋە ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يەنىمۇ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.** كەڭ شياڭگاڭلىقلار ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكى بىزنىڭ ئالاھىدە رايونى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدىكى كونكرېت ھەرىكەتلىرىمىزدىن شۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىكى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"، "شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئىدارە قىلىشى" ۋە يۇكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى فاڭجېننى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە جىددىي، ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولدى، جۇڭگو-ئەنگلىيە بىرلەشمە باياناتىنى ۋە نېگىزلىك قانۇننى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشقا سەممىي پوزىتسىيە تۇتتى، شياڭگاڭ خەلقىگە ھەققىي ئىشەندى ۋە تاياندى، سۆزى ئىناۋەتلىك، ھەرىكىتى نەتىجىلىك بولدى، قىلغان گېپىدە تۇردى. ئۇلارنىڭ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشىمۇ ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئىشلارغا قاتنىشش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى داۋاملىق ئېشىپ بارماقتا. ئىلگىرى بەزى ئادەملەر ئۈمىدسىزلىك بىلەن قەستەن تارقاتقان تۈرلۈك گەپ-سۆزلەر تېزدىن تۈگەپ، شياڭگاڭلىقلار ۋە خەلقئارادىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شياڭگاڭنىڭ كېلەچىكىگە ياخشى باھا بەرمەكتە.

خەلقئارا كاپىتالنىڭ داۋاملىق كىرىشى ۋە كۆچۈپ كەتكەنلەرنىڭ زور مىقداردا قايتىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»قا ۋە شياڭگاڭنىڭ كېلەچىكىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىشەنچ باغلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يېقىندا شياڭگاڭ ئاھالىلىرى ئالاھىدە رايوننى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشقاندىن سىرت، ۋەتەننىڭ قويىنىغا قايتىپ كېلىشنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن ئۆزلۈكىدىن تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ، بۇ شياڭگاڭلىقلارنىڭ ۋەتەنگە تەۋەلىك ھېسسىياتىنىڭ، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنىڭ داۋاملىق ئېشىۋاتقانلىقىنىڭ، شياڭگاڭنىڭ سىياسىي ھاۋاسىدا ۋە كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقىدا روشەن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسى.

**ئىچكى رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشى «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.** پۈتكۈل ئۆتكۈنچى مەزگىلنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىكى ئاساسەن مۇقىم بولدى، ھازىر يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا باشلىدى، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىل ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 5 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولىدۇ. شياڭگاڭنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا: شياڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ قايتىدىن ئۆرلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى «ئىچكى رايونلارنىڭ ئامىلى» بىرى «ۋەتەن قويىنىغا قايتىش ئامىلى» دەپ قارىماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىچكى رايونلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى شياڭگاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە، پاراخوتچىلىق، سودا ۋە ئۇچۇر قاتارلىق كەسىپلىرىنىڭ ئىزچىل گۈللىنىشىگە بىۋاستە تۈرتكە بولدى. شياڭگاڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى، مەيلى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە بولسۇن ياكى كەڭلىك جەھەتتە بولسۇن، ئىنتايىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقئارا كاپىتالمۇ ئومۇميۈزلۈك ھالدا شياڭگاڭنى جۇڭگونىڭ ئىچكى بازارلىرىغا كىرىدىغان كۆۋرۈك دەپ قاراپ، ئىچكى رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىش بىلەن بىللە شياڭگاڭغا ئۇزاق مۇددەتنى كۆزلەپ سېلىنىدىغان مەبلەغنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. ئىلگىرى قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولغان بەزى مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەتتىن كېلىدىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇش نىيىتى بىلەن، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قويىنىغا قايتىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە شياڭگاڭ بازىرىغا كىرىشكە باشلىدى ياكى تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ. 1997-يىلدىن كېيىن، كۆندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ۋەتەننىڭ ئارقا تىرەك بولۇپ بېرىشى بىلەن، شياڭگاڭنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە، سودا، پاراخوتچىلىق ۋە ئۇچۇر مەركىزى بولۇش ئورنى ئاجىزلاشمايلا قالماستىن، بەلكى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ.

**كەڭ شياڭگاڭلىقلارنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى ئىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىشى «شياڭگاڭنى**

**شىياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش» پرىنسىپىنىڭ پەيدىنپەي ئىشقا ئېشىشى ۋە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن سىياسىي ئا-ساس بىلەن تەمىن ئەتتى.** «شىياڭگاڭنى شىياڭگاڭلىقلارنىڭ ئىدارە قىلىشى» «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا شىياڭگاڭدا دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ شىياڭگاڭلىقلارنى ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، نېگىزلىك قانۇننى تەييارلاشنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا، شىياڭگاڭلىقلارنىڭ قاتنىشىشى باشلانغان، ئۇ چاغدىكى نېگىزلىك قانۇننى تەييارلاش ھەيئىتىدە، شىياڭگاڭلىق زاتلار ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان؛ ئالاھىدە رايوننى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ھەيئىتىدە شىياڭگاڭ ھەيئەتلىرى بىلەن ئىچكى رايونلار ھەيئەتلىرىنىڭ سانى تەڭ-باراۋەر دېگۈدەك بولدى؛ ئالاھىدە رايون قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىدە شىياڭگاڭ ھەيئەتلىرى 60 پىرسەنتتىن ئاشتى؛ ئالاھىدە رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنى سايلاش ئۈچۈن قۇرۇلغان سايلام كومىتېتىنىڭ 400 نەپەر ئەزاسى پۈتۈنلەي شىياڭگاڭدىكى دائىملىق ئاھالىلەردىن تەركىب تاپتى. سايلام كومىتېتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئالاھىدە رايوننىڭ تۇنجى مەمۇرىي باشلىقىنىڭ نامزاتى ۋە ۋاقىتلىق قانۇن چىقىرىش پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى شىياڭگاڭ تارىخىدا شىياڭگاڭلىقلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي دېموكراتىك ئاساستا قاتنىشىشى ھېسابلىنىدۇ. شىياڭگاڭ ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، پۈتكۈل سايلام جەريانىدا ئادىل، خالىس، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلدى، شىياڭگاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، شىياڭگاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سايلام مەدەنىيىتى يارىتىلدى، كەلگۈسىدە «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» شارائىتىدا «شىياڭگاڭنى شىياڭگاڭلىقلارنىڭ ئىدارە قىلىشى» ۋە دېموكراتىك سىياسەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى، دەپ قارىدى.

**4. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ دۆلەت سىياسىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىياڭگاڭنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.**

**«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان تۈپ دۆلەت سىياسىتىدۇر.** ئۇ ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ مۇقىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئوبيېكتىپ ئاساسقا ۋە رېئال شارائىتقا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ماڭىدىغان ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، شىياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەندىن ئىبارەت قىسمەن رايونلاردىكى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئۇزاققىچە ئۆزگەرتمەس-

لىك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋە پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە تەلپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

80 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە چەت ئەللىك بىر دوست، نېمە ئۈچۈن شياڭگاڭنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىشنى بەلگىلىدىڭلار، بۇنداق بەلگىلىشىڭلارنىڭ ئاساسى بارمۇ، يوقمۇ؟ دەپ سورىغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ھەئە بار. بۇنىڭدىمۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغانمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى: «ئەگەر مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە بىز خەلقئارادا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا مۇھتاجمىز دېيدىكەنمىز، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 50 يىلدا جۇڭگونى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ بۇ سىياسەتتىن چەتلەپ كېتەلمەيمىز، بۇ سىياسەتتىن چەتلىسەك بولمايدۇ. شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش جۇڭگونىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. شۇڭا '50 يىلغىچە' دېگەن گەپ بىز خالىغانچە دەپ قويغان، ھاياجانلىنىپ كېتىپ دەپ سالغان گەپ ئەمەس، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ دېگەن گەپ.» (يۇقىرىقى كىتاب، 209 ـ بەت) بۇ يەردە يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» فاڭجېنىنى 50 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بىلەن باغلاشتىكى چوڭقۇر پىكرىنى تۈپ ئاساسىدىن ئېنىق قىلىپ شەرھلەپ بەردى. شياڭگاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» يولىنى تۇتقان شياڭگاڭ داۋاملىق ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودىنى كېڭەيتىش ۋە مەبلەغ، تېخنىكا، باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى مۇھىم كۆزنىكى ۋە يولى بولۇپ بېرىدۇ، شياڭگاڭنىڭ ئىقتىسادى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىنىڭ پايدىلىق تولۇقلىمىسى بولۇپ قالىدۇ. 50 يىلدىن كېيىنكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۇ چاغقا بارغاندا، بىزنىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقىمىز تېخىمۇ كۆپىيىپ، بىر ـ بىرىمىزگە تېخىمۇ بېقىنىدىغان، بىر ـ بىرىمىزدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ كېتىمىز، ئۇ ھالدا ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق بولىدۇ.

**مەركەز شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ.** شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش» چارىسىنى ۋە يۇكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركەز بىر قاتار فاڭجېن ـ سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىش ۋاقتىدىكى «زور قوشۇننىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى»غا ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. مەركەز ئىچكى رايونلاردىن ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەمەلدار ئەۋەتمەيدۇ، مەركەزنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ نېگىزلىك قانۇنغا ئاساسەن ئۆزى باشقۇرىدىغان ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى، ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ

قانۇن بويىچە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى بىلەن شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى-تۆۋەنلىك مۇناسىۋەت ۋە ئۆزئارا بېقىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئەمەس. شياڭگاڭ مالىيىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ، مالىيە كىرىمى تامامەن شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىغا تەئەللۇق، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىر تىيىن تاپشۇرمايدۇ، دۆلەت شياڭگاڭدىن باج ئالمايدۇ. ئىچكى رايونلاردىكى ئاھالىلەر شياڭگاڭغا بارىدىغان بولسا، مەيلى تىجارەتچىلەر بولسۇن ياكى ساياھەتچىلەر بولسۇن، تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى شەرت، بۇ جەھەتتىكى باشقۇرۇش ھازىرقىدىنمۇ قاتتىق بولىدۇ. شياڭگاڭدىكى جۇڭگو تەرەپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان بارلىق ئاپپاراتلار تامامەن شياڭگاڭنىڭ قانۇنىغا ۋە شياڭگاڭنىڭ كاپىتالىستىك بازار قائىدىسىگە ئاساسەن ئادىل رىقابەتكە قاتنىشىدۇ، ھەرقانداق ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولمايدۇ.

**شياڭگاڭدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ شياڭگاڭنى ئوبدان ئىدارە قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.** شياڭگاڭنىڭ خەلقئارا مالىيە، سودا، پۇل مۇئامىلە، پاراخوتچىلىق قاتارلىق كۆپ ساھەلەردە مەركەز بولۇپ چىقىشى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شياڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تېز يۈكسىلىشىدىكى ئامىللار كۆپ تەرەپلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق بىر ئامىل، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، جۇڭگولۇقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شياڭگاڭلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت، ”جۇڭگولۇقلارنىڭ شياڭگاڭنى ئوبدان ئىدارە قىلىپ كېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىك— كونا مۇستەملىكىچىلىكتىن قالغان ئىدىيىۋى ھالەت.“ (يۇقىرىقى كىتاب، 121-بەت) يەنە بىر جەھەتتىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە ئىقتىسادىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىمۇ شياڭگاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ. شياڭگاڭدا مەن نۇرغۇن يىل خىزمەت قىلدىم، بۇ جەرياندا مېنىڭ ئالغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىم شۇكى، شياڭگاڭ چەت ئەلنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگىلى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان چوڭقۇر مۇھەببىتى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان، ئۇلار ئەمگەكچان، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك بولۇپ، داۋاملىق ئۆزگىرىۋاتقان تاشقى مۇھىتقا ماھىرلىق بىلەن ماسلىشىپ، تارىخىي پۇرسەتنى ماھىرلىق بىلەن ئىگىلەپ، ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى. شياڭگاڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز تەقدىرىنى قولىغا ئالىدىغان شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىشىغا تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلىنىدۇ-دە، ئۇلار جەزمەن تېخىمۇ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتالايدۇ. ئىلگىرى، شياڭگاڭ ئىچكى رايونلاردىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن راۋاجلانغان ۋە گۈللەنگەن؛ بۇنىڭدىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، ئىچكى

رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىپ بېرىشى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشى مۇقەررەر ھالدا شىياڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە مۇقىم بولۇشىغا كۈچلۈك تۈۋرۈك بولۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىغا ئورنىتىلغان بۇ ”شەرق مەرۋايىتى“ جەزمەن كۆزنى تېخىمۇ چاقنىتىدىغان شانلىق نۇرلارنى چاچىدۇ.

شىياڭگاڭ پات ئارىدا ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، يۈز يىللىق خورلۇقىمىز بۇنىڭ بىلەن يۇيۇلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ گەرچە بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“تىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەسەۋۋۇر كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ساقلىنىدۇ. شىياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېلىدىغانلىقى كىشىلەرگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تامامەن سەمىمىيلىك، قەتئىي ئىرادىلىك، قابىلىيەتلىك ۋە چارە-تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شىياڭگاڭنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇساپىسىدىكى بىرىنچى مۇھىم قەدەم بولۇپ، ئۇلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ ئاۋمېنىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېلىشىگە ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، شىياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ ئاخىرى جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، شىياڭگاڭنىڭ كېلەچىكى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالىدۇ. ۋەتىنىمىزنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش چوقۇم پەيدىنپەي ئىشقا ئاشىدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىدە ئۈمىد زور.

**ئادالەت مۇھەممەت**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىلجان تۇرسۇن**

**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويايلى

## —ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

**لىۋ مىڭزۇ**

بۇ يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل توشىدۇ. بۇ بىر زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك كۈن بولۇپ، بۇ كۈنى جۇڭگودا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى بەرپا قىلىنىپ، تۇنجى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونومىيە رايونى قۇرۇلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىچكى موڭغۇلدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا تۆرلۈك سىياسىي كۈچلەر گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ كۈرىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېڭىدىن ئېلىشىشقا باشلىدى. گومىنداڭ غەلىبە مېۋىسىنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئىچكى موڭغۇلنى ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالماقچى بولدى. بىر قىسىم ياپون ۋە قورچاق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ۋاڭ غوجاملار ۋە فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. پارتىيىمىز بۇلارغا تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ، ئىچكى موڭغۇل رايونىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، شەرقىي، غەربىي موڭغۇلىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ھەققىدە يولىيورۇق بەردى. بۇ موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئازادلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ مۇستەھكەم ئارقا سېپىنى قۇرۇپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ۋە تۈرلۈك مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش ئۇلەنفۇنى ۋە زور تۈركۈمدىكى كادىرلارنى ئىچكى موڭغۇل رايونىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. جاپالىق تىرىشىشلار ئارقىلىق، 1946-يىل 4-ئايدا چېڭدېدا شەرقىي، غەربىي موڭغۇلىيىنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى. 1947-يىل 4-ئايدا، ئۇلانخوتتا ئىچكى موڭغۇل خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. 1947-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئىچكى موڭغۇل رايونىدىكى مىللىي مەسىلە

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈننمۇ ئۈلگە تىكلىنىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن بىردىنبىر توغرا يول ئېچىپ بېرىلدى.

50 يىلدىن بېرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئازاد قىلدى ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى؛ زور كۆلەملىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى؛ باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق روناق تېپىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي-مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۆتمۈشتىكى ئىنتايىن كەمبەغەل، قالاق ئىچكى موڭغۇل تارىخنىڭ كونا ئىزىغا ئايلىنىپ قالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، دەسلەپكى قەدەمدە روناق تېپىپ گۈللەنگەن ئىچكى موڭغۇل دۇنيا خەلقىنىڭ ئالدىدا نامايان بولماقتا. 50 يىللىق پارلاق مۇساپە، 50 يىللىق شانلىق نەتىجە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى ۋە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى. 50 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى: پەقەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇستەقىللىكىنى قوغدىغىلى ۋە مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ؛ پەقەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكىلى بولىدۇ؛ پەقەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دۆلەت بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، مەركەز بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق؛ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغان چاغدا مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە رايون ئالاھىدىلىكلىرىگە تولۇق ئېتىبار بېرىشى ئۈچۈن پايدىلىق.

دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانداق ھەل قىلىنغانلىقى دۆلەتنىڭ ئامان ياكى خەۋپلىك بولۇشقا، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تىنچ ياكى قالايمىقان بولۇشىغا، قۇرۇلۇشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ياكى كەينىگە چېكىنىپ كېتىشىگە، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا، خەلقنىڭ بەختكە ئېرىشىشى ياكى بالايىئاپەتكە ئۇچرىشىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا، دۇنيا ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدىكى جۇڭگودا

بولسا، ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، جەمئىيەت ئىلگىرىلەۋاتقان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، چېگرا رايونلار مۇقىم بولغان ئەھۋاللار نامايان بولدى. بۇلار ئاساسەن دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ تۆھپىسىدۇر. بىز ئىچكى موڭغۇل خەلقىنىڭ 50 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاقىلانە تاللىشىدىن چوڭقۇر پەخىرلىنىمىز ۋە غورۇرلىنىمىز.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئىچكى موڭغۇلنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

**(1) پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىچكى موڭغۇلنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادچانلىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىش.**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلىتىمىز، مىللىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدە ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ ھاسىل قىلىشنىڭ ھالقىسى. دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي يولغا قويغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە توغرا يولىنى تېپىپ چىقتۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئىچكى موڭغۇل خەلقىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن كۆرەش قىلىشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. ئۇزۇن مەزگىللىك ئىنقىلابىي كۆرەشلەر، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ پارلاق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ئىچكى موڭغۇل خەلقى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى غەلىبىسى بولمىغان بولاتتى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بولمىغان بولاتتى؛ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ بۈگۈنكىدەك غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ۋە تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە، بۇ ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشىنىڭمۇ نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېن، ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش—بۇ، ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ھەم بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىمىزدىكى ئىنتايىن مۇھىم تەجرىبىمىز.

**(2) ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش.**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ سىياسەتنى توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىمۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك.

يولداش ئۇلەنفۇ مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى: ”ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئەمەلىيىتىنى توغرا تونۇغاندىلا، ئاندىن مەركەزنىڭ تۇرلۇك سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايوننى ياخشى قۇرۇپ چىقالايمىز“. ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەھلىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ خىل تەھلىل تارىخ ۋە رېئاللىق ئۇستىدىكى تەھلىل، ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىي ئىشلار ئۇستىدىكى تەھلىل، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئۇستىدىكى تەھلىل، مىللەت ۋە دىن ئۇستىدىكى تەھلىل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت ئىچكى موڭغۇلنى ھەر جەھەتتىن چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئىچكى موڭغۇلنى ھەممە جەھەتتىن ياخشى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خىزمەتنى مىسال قىلىپ ئالساق، چارۋىدار ئىگىلىكى ئاجىز بولۇش، چارۋا ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ھەم تۇرمۇش ۋاستىسى بولۇپ، زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئاسان ئۇچراشقا ئوخشاش ئالاھىدە ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات جەريانىدا، بېزا يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئۇسۇلىنى كۆچۈرۈپ قوللانماي، بەلكى ”ئەمگەكچى چارۋىچىلارغا تايىنىپ، ئىتتىپاقلىشىش مۇمكىن بولغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئاممىنى دادىل ھالدا سەپەرۋەر قىلىش، فېئوداللىق ئىمتىيازنى يوقىتىش، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش“تىن ئىبارەت ئومۇمىي فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ”فېرما ئومۇمنىڭ بولۇش، مال بېقىش ئەركىن بولۇش“، ”كۈرەشكە تارتماسلىق، بۆلۈشمەسلىك، سىنىپقا ئايرىماسلىق“، ”مالچى، چارۋىدار ھەر ئىككىسىگە پايدا يەتكۈزۈش“ سىياسىتىنى يولغا قويدۇق. بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئاياقلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە، ئوخشاش روھ بىلەن ”پۇختا بولۇش، كەڭ بولۇش، ئۇزۇن بولۇش“ فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ فاڭجېننىڭ مەركىزىي مەزمۇنى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتا ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلىش، پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىش؛ سىياسەتتە پۇختىراق بولۇش، ئۇسۇلدا كەڭرەك بولۇش، قەدەم-باسقۇچ ۋە ۋاقىت جەھەتتە ئۇزۇنراق بولۇش، چارۋىدار ئىگىلىكىگە نىسبەتەن سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. ئۇ ”ئۈچنى قىلماسلىق، ئىككىگە پايدا يەتكۈزۈش“ سىياسىتىگە ئوخشاش، جەمئىيەت داۋالغۇشىنى ئازايتىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كۆچنى

مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، دەل ۋاقتىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردۇق. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىلارغا باھا بەلگىلەپ ئائىلىلەرگە بېرىش، ئوتلاقلارنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

مەركەزنىڭ ئومۇمىي لۇشيەن ۋە ئومۇمىي سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى، كونكرېت تارىخىي ۋە رېئال شارائىتلىرىنى چىقىش قىلىپ، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە مۇناسىپ سىياسەت، تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ چىقىش ئارقىلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بىزنىڭ تۈرلۈك نەتىجىلەرگە قول يەتكۈزۈشىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبى.

**(3) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاق ھالىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ئىچكى موڭغۇل ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە روناق تاپقۇزۇشنى مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىش.**

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىلا، "ئىچكى موڭغۇل ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە روناق تاپقۇزۇش" ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلىرى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىدىغان بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ھەممىدە يولغا قويۇپ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىقتىسادىنى بىرقەدەر تېز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى.

50-يىللاردا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ پىلانلىرىنى ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى موڭغۇلدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كىرىشتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، باۋتۇ پولات-تۆمۈر شىركىتىنى ئاساس قىلغان سانائەت سىستېمىسىنى بىرقەدەر تېز سۈرئەت بىلەن قۇرۇپ چىقىپ، ئىچكى موڭغۇل ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى كۈچلۈك ئالغا سۈردى.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بىز ئىدىيىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىچكى موڭغۇل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، دۆلەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپالىق كۈرەش قىلىش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، جۇغراپىيىۋى ئەۋزەللىكى، بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە سىياسەت ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاساس خاراكتېرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئەگرى-توقاي تەرەققىياتلار ۋە بىر ئىزدا توختاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەسلىكتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە كىردۇق. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1978-يىلدىن 1995-يىلغىچە دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 9.7%

تىن ئېشىپ باردى، 1996-يىلى دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 98 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1995-يىلدىكىدىن %12.4 ئاشتى، بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقتىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇدا 7 يىل ۋە 12 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، 1996-يىلى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 15 مىليارد 350 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليارد 800 مىليون كىلوگرام ئاشتى، ئېشىش ھەجمى، ئېشىش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى؛ چارۋا ماللارنىڭ سانى 66 مىليون 977 مىڭ تۇياقىا يېتىپ، يەنە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، 1978-يىلدىن 1995-يىلغىچە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى %10تىن ئاشتى، 1996-يىلى سانائەت ئېشىش قىممىتى 31 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %15.1 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېشىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. يېزا-بازار كارخانىلىرى بىرقەدەر چوڭ تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، 1996-يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 122 مىليارد 870 مىليون يۈەنگە، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 1 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن %79.1 ۋە %62.1 ئاشتى. مالىيە كىرىمى 1978-يىلدىن 1995-يىلغىچە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا %15.2تىن ئاشتى، 1996-يىلى 9 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %22.1 ئاشتى، ئېشىش ھەجمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. 1996-يىلى دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1602 يۈەنگە، شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق تۇرمۇش راسخوت كىرىمى 3102 يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، مال باھاسىنىڭ ئېشىش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن %14.8 ۋە %11.5 ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت-نىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش ھەجمىدىن يۇقىرى بولدى. 1996-يىلى خامچوت ئىچىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا، زىيىنى بالانس بولغاندىن كېيىنكى پايدىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 818 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بويىچە 9-ئورۇننى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە ھەمدە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارمۇ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە چېگرا رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

**(4) سوتسىيالىستىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە بىلەن ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ۋە خەلقىنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.**

بىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون. پۈتۈن رايوندىكى 23 مىليون ئاھالىنىڭ ئىچىدە، 3 مىليون 560 مىڭ موڭغۇل ئاھالىسىدىن باشقا، خەنزۇلار ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى

ئىگىلەيدۇ، يەنە داغۇر، ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن، خۇيزۇ، مانجۇ، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق 49 مىللەت بار. بۇنداق ئەھۋالدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق قىلىپ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى—ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى.“ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ كېپى مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەر جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىچكى موڭغۇل رايونىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھۋالى ئەزەلدىن ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، جۇ ئېنلەي زۇڭلى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئاپتونوم رايون دەپ تەرىپلەنگەن، شۇنداقلا قاتتىق تارىخىي سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ مەزگىلىدە، بىر قىسىم موڭغۇل كادىرلار ۋە ئامما ئىنتايىن زور ناھەقچىلىككە ئۇچرىغانىدى، ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان ئىشەنچى تەۋرەنمىدى. ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئاقلىنىپ، مىللىي سىياسەت ئەمەلىيلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يېڭى ئاساستا يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

ئۇزۇندىن بېرى، خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ھەمىشە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىپ، بۆلگۈنچىلىكنى پەيدا قىلىپ كەلمەكتە؛ دۆلىتىمىز ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، ھەمىشە قۇتراتقۇلۇق قىلماقتا؛ چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە ياتىدىغان ئىدىيىۋى خاھىشلار بەزىدە ئاز ساندىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئىپادىلىنىپ قالماقتا. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز باشتىن-ئاخىر ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا، سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا، پرولېتارىياتلىق دۇنيا قاراش ۋە مىللەت قارىشى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلدۇق. بىز ھەر يىلى 9-ئايدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش ئېيى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە تۆھپە ياراتقان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەپ تۇرىمىز. ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ دائىم ئېلىپ بېرىلىشى ۋە كۆزقاراش جەھەتتىن يېتەكلەش تەدبىرىنىڭ قوللىنىلىشى، شۇنىڭدەك مىللىي سىياسەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلىشىشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ھەق-ناھەقنى ئېنىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

**(5) پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش.**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، چوقۇم پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، پارتىيىگە سادىق، ۋەتەن ۋە خەلققە ساداقەتمەن زور بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. مەيلى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش دەۋرىدە بولسۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاساسىي مىللەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىدىكى ھەمدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە موڭغۇل قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئالىم، ئىنژېنېر، سەنئەتكار، دوختۇر، كارخانىچىغا ئوخشاش ھەر خىل كەسپىي تېخنىك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدۇق. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيەلەش، چەت ئەلگە چىقىپ بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باشقا جايلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىش، مەركەزدىكى ئورگانلاردا ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلاردا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇۋاپىق، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى شەكىللەندى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 166 مىڭ 300گە يېتىپ، پۈتۈن رايوندىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 23.30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك كادىرلىرى 103 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى كەسپىي تېخنىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 21.91 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 28 مىڭ كىشى بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ئوخشاش تۈردىكى كادىرلارنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا، ھەم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش، ھەم خەنزۇ كادىرلارنى تەربىيەلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئىچكى موڭغۇلنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆزئارا ئىشىنىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، بىر-بىرىنى قوللاپ، ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، چوڭقۇر ئىنقىلابىي دوستلۇق ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن جەڭگىۋار بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى. دەل خەنزۇ كادىرلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى ۋە تىنچ، ئىتتىپاق، روناق تېپىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان رېئاللىقى قولغا كەلدى ھەمدە تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسى يارىتىلماقتا.

ئۆتكەنكى يېرىم ئەسىر ئىچىدە، بىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىمىز دۇنيا كۆز تىككۈدەك، پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىگۈدەك نەتىجىلەرگە قول يەتكۈزدى. لېكىن ئاساسىمىز بەكلا ئاجىز بولغانلىقتىن، تارىخىي، تەبىئىي، ئىجتىمائىي كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىچكى موڭغۇل تەرەققىي تاپقان ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقى يەنىلا ئىنتايىن چوڭ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى تېزدىن كىچىكلىتىش ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ئارزۇسىغا ئايلىنىپ قالدى. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىينىڭ ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى قوغداپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ چىقىرىپ چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشكە ئىرادە باغلىدۇق.

**(ئاپتور: ج ك پ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى
# چوڭقۇر ئۆگىنەيلى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەيلى

**ۋېي لىچۈن**

يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىشنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى، كادىرلارنى بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى بۇ نەزەرىيىنى چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك جەھەتتىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ نەزەرىيە ئۈستىدە تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، بۇ نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ماھىر بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.“ («خەلق گېزىتى»نىڭ 1997-يىل 3-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن) دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش يولداش جياڭ زېمىننىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەرىپىدۇر. بۇ ماقالىدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى قانداق ئۆگىنىش مەسىلىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ چۈشەنچە ۋە تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ھەقىقىي ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىنتايىن روشەن ۋە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق چوڭقۇر ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى—جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان تارىخىي يېڭى دەۋرىدە، پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور نەتىجىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دېڭ شياۋپىڭ-

نىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىپ، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇق، ئۇنى بېيىتتۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق. بۇ شانلىق نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش يولىنى تاپتۇق ھەم مۇشۇ يولدا ماڭدۇق. بۇ نەزەرىيىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە گەۋدىلىك مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بىزنىڭ شۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا ئىقتىسادىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ۋە جىددىي ئىش بولغاچقا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ مەسىلىنى ھەممىدىن كۆپ بايان قىلىپ ئۆتكەن، يالغۇز بۇلا ئەمەس، بىز يەنە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قوشقان ئورغۇن يېڭى مەزمۇنلار ئىچىدە، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشلىرى ئىنتايىن مول ۋە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكىدەك يېڭى تارىخىي شارائىتتا تەرەققىي قىلىپ يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ كۆزدە تۇتتۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزمچى، ئۇ باشتىن-ئاخىر ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ، ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ دەيدىغان تۈپ قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، ئۇ 1978-يىلى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كونا جەمئىيەتتە كۆرۈلۈپ باقمىغان تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى پەيدىنپەي قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 274-بەت) ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ناھايىتى يىراقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ماددىي بايلىقنى داۋاملىق ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“تىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي لۇشيەن جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىغانلىقى بولۇپ، دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلدىغان ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى تارىخىي دەۋرنى ئاچتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنىڭ

يۈكسىلىشى، شۇنداقلا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ تارىخىي دەۋردە ئاساسەن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات داۋامىدا دۇچ كەلگەن تۈپ نەزەرىيە ۋە تۈپ ئەمەلىيەتكە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىنى بەلگىلىدى. ئەمەلىيەتتە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم ھۆكۈم، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ستراتېگىيىلىك ئىدىيىلەر دەل قانداق قىلىپ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزدىن يۈكسەلدۈرۈش، دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل، چوڭقۇر ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، مۇشۇ ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىدىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنىپ مېڭىمىزنى قوراللاندۇرالايمىز ۋە ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلالايمىز.

ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئىلمىي يىغىنچاقلىنىشى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىسادىدۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى مەركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى يېڭىچە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا خۇلاسىلىگەنلىكى ۋە يىغىنچاقلىغانلىقىنىڭ، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ رېئال ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا تەھلىل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىدە بىر قاتار چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى ۋە يۈز بەرمەكتە. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ماس كەلمەيدىغان ئەسلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن ھاياتىي كۈچكە تولغان ۋە ئۈنۈملۈك بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسالدى؛ ئىقتىسادىي ئالاقە جەھەتتە، ئىلگىرىكى يېپىق ۋە يېرىم يېپىق ئىقتىسادتىن دۇنياغا يۈزلەنگەن ئوچۇق ئىقتىسادقا قاراپ بۇرۇلۇش ياسالدى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ستراتېگىيىسى جەھەتتە، نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىقتىساد بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشقا، ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياسالدى؛ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە، تاشقى ئامىل جەھەتتىن كېڭەيتىلىدىغان يېرىك ئىگىلىكتىن ئاساسلىقى ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئامىللارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىدىغان تو-

جۇپىلىك ئىگىلىككە قاراپ بۇرۇلۇش ياسالدى. بۇ تۈپ خاراكتېرلىك زور بۇرۇلۇشلارنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ئومۇمىيۈزلۈك دۆلەت كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى بارغانسېرى تولۇق جارى قىلدۇرۇلماقتا. پاكىتلار قايىل قىلارلىق هالدا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى تامامەن توغرا ۋە غايەت زور هاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بەرپا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيە ۋە تۈپ قىبلىنامىدۇر. ئۇ دۆلىتىمىزدىكى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ نامرات، قالاق هالەتتىن قۇتۇلۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە تەلپىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدەك ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى داۋاملىق هالدا غەلىبىلىك ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا گەرچە ئۇلۇغ نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. بىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا هەم چەكسىز ئۈمىدكە تولىمىز، هەم ئېغىر مۇسابىقىگە دۇچ كېلىمىز. بىر مىليارد نەچچە يۈز مىليون ئاهالىگە ئىگە دۆلەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۈشكۈل هەم مۇرەككەپ ۋەزىپە، ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش. هازىر ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇهىم هالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا جىددىي هەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، زور مىقداردا يېڭى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېڭى مەسىلىلەرگە ۋە يېڭى زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىشىمىز تۇرغان گەپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىلا بىزنىڭ هەر جەهەتتىكى ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنى ۋە هەرىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيىۋى ئاساس، شۇنداقلا بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا مەڭگۈ غالىپ قىلىدىغان ئۆتكۈر قورالدۇر. بىز ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك هالدا يېڭىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز دەيدىكەنمىز،

ئىزچىل تۈردە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئىش قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ، مۇشۇ ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن مېڭىمىزنى ھەقىقىي قوراللاندۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىشكە يېتەكلەپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، داۋاملىق ھالدا يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى چارىلەرنى يارىتىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە تەتبىقلاپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردۇق، بۇ ئىلمىي نەزەرىيىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگەنسەك ۋە ئۇنى تەتبىقلىساق، چوقۇم توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا داۋاملىق يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز.

## 2

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى مول ھەم چوڭقۇر، ئۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئاساسلىق غول قىلىپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن ھەممىدىن مۇھىم بولغان بۇ ئاساسىي نەزەرىيىۋى مەسىلىنى چۆرىدەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بەرپا قىلىش، جۇڭگودا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسىي نىشان قىلىپ، بىر قاتار ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ئاساسىي كۆزقاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. ئۆگىنىش داۋامىدا، بىز بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇننى ۋە ئاساسىي روھىنى ئومۇمىي جەھەتتىن، ئىلمىي سىستېما جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئىگەللىشىمىز، بولۇپمۇ زور كۈچ چىقىرىپ ماركسىزملىق ئىقتىسادىي نەزەرىيىگە قوشۇلغان تۆپ ئەھمىيەتلىك ئىجادىي مەزمۇنلارنى، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئومۇمىي خاراكتېرلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ھەم تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

**بىرىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى جۇڭگونىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ئېنىق تونۇشتىن ئىبارەت. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدە، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا ئاز بولمىغان ئەگرى يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، بۇنىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بولغان تونۇشنىڭ

ئانچە ئېنىق بولماسلىقى بىلەن مۇھىم مۇناسىۋىتى بار. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسى ئاجىز، نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز، بولۇپمۇ دېھقانلىرى كۆپ، شۇڭا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ماسلىشىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىپ چىقىش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى ۋە بايان قىلدى. ”سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزى كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ۋەھالەنكى بىزنىڭ جۇڭگو يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممىدە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىي پىلانىنى مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن تۈزۈش لازىم.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 521—522-بەتلەر) بۇ تارىخىي باسقۇچ ئاز دېگەندە يۈز يىلدەك ۋاقىت داۋاملىشىدۇ، پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىندى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى قايتا تونۇش جەھەتتىكى چوڭ يېڭى ئەتىجىسى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى-دۇر. بۇ نەزەرىيە بىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ۋەزىپىسى، ئايلىنىش قانۇنىيىتى ۋە يۈرگۈزۈش لازىم بولغان فاڭجېن، سىياسەتلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ روشەن ۋە چوڭقۇر تونۇشقا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، تەخىرسىزلىكى، مۇشەققەتلىكلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىگە نىسبەتەن تېخىمۇ سەگەك تونۇش ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىققا ئىگە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەشتىكى ئاساسىي نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئايلاندى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋە ئۆزلەشتۈرگەندە، كاللىمىزنى باشتىن-ئاخىر سەگەك تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەتراپلىق، توغرا ۋە قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرالايمىز، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان پۈتۈن بىر يۈرۈش فاڭجېن-سىياسەتلەردە چىڭ تۇرالايمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈپ، ”سول“ چىل ياكى ئوڭچىل خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنالايمىز.

**ئىككىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** بۇرۇن بىز كۆپ يىل سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللانغان بولساقمۇ، لېكىن سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش لازىم دېگەن مەسىلىدە بىزنىڭ تونۇشىمىز تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. مەملىكىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى يولۇققان ئوڭۇشسىزلىقلار، ئىسلاھات ئېلىپ بارغان، ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندىن بۇيان

ئۆلگىرىلەش داۋامىدا كۆرۈلگەن بەزى ئىككىلىنىش ۋە ئىسەنكىرەشلەر، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئاساسىي مەسىلىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن قايتا-قايتا ئويلىنىپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي ھالدا ئېچىپ بېرىپ، بۇ زور مەسىلىنى تۈپ ئاساستىن ئېنىق شەرھلەپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 777-بەت) بۇ نەزەرىيىۋى يەكۈن بىزنى ئۇزاقتىن بۇيان كونكرېت ئەندىزە بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە سەل قارايدىغان جاھىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بۇرۇنقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارايدىغان خاتا ئۇسۇلنى تۈپ ئاساستىن تۈزىتىپ، جۇڭگودا بولۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جىددىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ۋە تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا قىلچىمۇ تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىنىڭ تۈپ پەرقىنىمۇ كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ۋە ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈپ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بۇ نەزەرىيىۋى يەكۈن سوتسىيالىزمنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىلمىي ھالدا تونۇپ، سوتسىيالىزمغا بولغان بەزى بىر تەرەپلىمىلىك قاراش ۋە مېتافىزىكىلىق خاتالىقلارنى تۈزەتتى. بۇ نەزەرىيىۋى يەكۈن يەنە بىزنىڭ "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش"نى ئىسلاھات ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ تۈپ ھەق-ناھەق ئۆلچىمى قىلىشىمىزغا ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈشكە نىسبەتەن ئىنتايىن زور سىياسىي ئەھمىيەتكە، نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** ئۇزاقتىن بۇيان ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتىكىلەر: بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا خاس نەرسە، پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي بەلگىسى، شۇڭا، سوتسىيالىستىك دۆلەتتە پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇشقىلا بولىدۇكى، بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەنئەنىۋى

كۆزقاراشىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزمنى بازار ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۇردى. ئۇ 1979-يىلدىن 1992-يىلغىچە كۆپ قېتىم سۆز قىلىپ، پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، دەپ ئېنىق قىلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە چوڭقۇر ۋە مول مەزمۇنلارنى كىرگۈزدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى دەۋر بۆلگۈچ ئىنتايىن مۇھىم يېڭىلىق يارىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور بىر مەسىلىنى ئىلمىي ھالدا ھەل قىلدى. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئازاد قىلىنىپ، ئىسلاھات داۋامىدىكى نەزەرىيىۋى توسالغۇ سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، جۇڭگو ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قىممەتلىك نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى ۋە يەنىمۇ ئىسپاتلايدۇكى، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش پۈتۈنلەي توغرا، ئۇ، ئىقتىسادنى گۈللەندۇرۇش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۈپ، زور تەدبىردۇر.

**تۆتىنچى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى نەزەرىيە.** بۇ، ماھىيەتتە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى ۋە تۈپ يولى مەسىلىسىدۇر. بۇرۇن، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ ئەھۋالىغا بولغان ھۆكۈمىمىزدە خاتالىق كۆرۈلگەنلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەدەپ بېرىلىپ كەتكەن ۋە "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش" ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇرۇنغاندۇق، نەتىجىدە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، غايەت زور زىيان تارتتۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە ئاساسەن، ئىسلاھات دېمەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېمەكتۇر دېگەن زور نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 769-بەت) ئىسلاھات جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، يەنە ئىسلاھات ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپ جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇسىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ئىسلاھاتنى بىر مەيدان يېڭى ئىنقىلاب دەپ تونۇدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىسلاھاتنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئىسلاھات توغرىسىدا پۈتۈن بىر يۈرۈش يېتەكچى پرىنسىپ ۋە فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، يۈرەكلىك بولۇش، قەدەم پۇختا بولۇشنى تەكىتلىدى؛ ئىسلاھاتنى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى؛ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۈستىدە سىستېمىلىق، ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسلاھات نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە پىلان، باھا، پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە-باج، ئوبوروت، تەقسىمات، ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەش-تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتتا زور بۆسۈش بولدى، كارخانا ئىسلاھاتىمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلماقتا، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىمىز. مەملىكىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن بارلىق نەتىجىلەرنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قەتئىي، سىستېمىلىق ھالدا ئىلگىرى سۈرگەنلىكىمىزدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئىسلاھاتنى قەتئىي يولغا قويغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە داۋاملىق ھالدا ھاياتىي كۈچ كىرگۈزگىلى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلغىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىكنىڭ ھەم تېز ھەم ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم. ئىسلاھات بىلەن ئېچىۋېتىش بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشمۇ ئىسلاھات ھېسابلىنىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھازىرقى دۇنيانىڭ ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئىشىكنى ھەممە تەرەپكە ئېچىۋېتىش لازىملىقىنى؛ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆرنەك قىلىپ، تاشقى سودىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، تاشقى ئىقتىسادىي-تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى كېڭەيتىش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى تەسىس قىلىش، دېڭىز بويىدىكى ئون نەچچە شەھەرنى ئېچىۋېتىش، شاڭخەينىڭ پۇدۇڭ رايونىنى ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر، مەملىكىتىمىزدە ھەر تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى شەكىللىنىپ، مەملىكىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەملىكىتىمىز-

نىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچى ئاشۇرۇلدى. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مەملىكىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى بولۇپ، ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

**بەشىنچى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيە.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگەللەپ، ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىلمىي، ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش ئارقىلىق زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە ئىقتىسادىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى بىر قاتار ستراتېگىيىلىك ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىقتىسادنى ھەر تەرەپلىمە ۋە ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە، قاتناش، پەن-تېخنىكا، مائارىپنى تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىك قانۇنىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم رايونلار، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش، ئالدىن بېيىغانلارنىڭ بېيىمىغانلارغا باشلامچىلىق قىلىشى ئارقىلىق ئورتاق بېيىشنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ سىياسەتنى يولغا قويۇشنى؛ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، نەچچە يىلدا بىر يېڭى پەللە ئۆرلەشنى؛ ئىقتىسادىي تەرەقياتتا سۈرئەتكە ئېتىبار بېرىپلا قالماي، يەنە سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىپ، بىر قەدەر تېز سۈرئەت بىلەن بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن نوپۇس، مۇھىت، بايلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىشنى؛ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، خەلقنى نەپكە ئېرىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەرەققىيات جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ستراتېگىيىلىك ئىدىيىلەر پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.

يۇقىرىقى بىرنەچچە نۇقتىدىن سىرت، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى يەنە باشقا بەزى ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا چوقۇم پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىش لازىم؛ ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش لازىم؛ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئەقلىي يۆلەنچۈك ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم؛ جۇڭگودا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشتا مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا

بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۇختىلىق بىلەن ئۇزاققىچە جاپالىق كۈرەش قىلىش لازىم؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىشەنچلىك سىياسىي كاپالەت ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كېرەك، ۋەھاكازالار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۆگىنىش داۋامىدا، ھەم مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇۋېلىشىمىز، ھەم ئۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن ۋە ھەرقايسى ئاساسىي كۆزقاراشلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىدىن ئەتراپلىق، توغرا ئىگەللىۋېلىشىمىز لازىم.

## 3

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى چوڭقۇر، ئىلمىي تەھلىل قىلىنغان ۋە بايان قىلىنغان. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېنلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكىمىزنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ باشتىن-ئاخىر ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدىغان ئىلمىي روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەزەلدىنلا ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى دەپ قاراپ كەلگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغان، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ...ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسى، ماركسىزمنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى. ئىلگىرى ئىنقىلابتا غەلىبە قازىنىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تايانغاندۇق؛ ھازىر تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تايىنىشىمىز لازىم.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»

، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 305—306-بەتلەر) يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىزمچى. ئۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى تەكىتلەشنى ئەزەلدىنلا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى تەكىتلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كەلگەن. ئۇ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە ماس كەلگەنلىكى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ماس كەلگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتـ نىڭ تەلىپىگە ماس كەلگەنلىكى نەرسىلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، مەيلى قارشىلىق كۈچى ۋە توسقۇنلۇق قانچە چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايتتى؛ ماس كەلمىگەن نەرسىلەرگە بولسا بىردەك قارشى تۇراتتى ۋە ئۇلارنى تۈزىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەت بىرىنچى دېگەن قاراشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا مەسىلىلەرنى بايقاش، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، يېڭى نەزەرىيىلەرنى يارىتىشقا ماھىر ئىدى؛ ئۇ ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش، ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىغا تايىنىش ۋە ئۇنى قوزغاشنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى غايەت زور، تۈگىمەس كۈچ بۇلىقى دەپ قارايتتى. دەل مۇشۇنداق تۈپ كۆزقاراش ۋە ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى خەزىنىسىگە زور مىقداردا يېپيېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرىدىغان، ئەمەلىيەتـ چىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرىدىغان ئىنقىلابىي جاسارىتى، ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى ئۆگىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ باشتىن-ئاخىر ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى قوللىنىپ مەسىلىـ لەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنداق قىلىشقا ماھىر بولىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى—ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ دەيدىغان كۆز قاراش بىلەن ئەتراپلىق كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ خىل كۆزقاراش ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ئىلمىي يوسۇندا ئېچىپ بەردى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا زىت بولۇش تەرىپىنى كۆرۈپ يەتتى، ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەسىلەن، ئۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى بىرىنچى ۋە تۈپ ۋەزىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلەش بىلەن بىرگە

يەنە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئورتاق بېيىشنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى ئىكەنلىكىنىمۇ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتكە ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ، مۇۋاپىق بولمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، سوتسىيالىزمنىڭ پۈتكۈل دەسلەپكى باسقۇچىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىكى قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە مەسىلەن، ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە زورايتىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سوتسىيالىستىك ئۈستقۇرۇلمىنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش، بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى. يەنە مىسال ئالساق، تەرەققىيات، ئىسلاھات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تەرەققىيات— چىڭ قائىدە، تەرەققىياتنى باشتىن-ئاخىر تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە دەپ بىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش لازىم؛ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە باشقا تۈزۈلمىلەردىكى مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلەرنى قەتئىي ئىسلاھ قىلىش لازىم. تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى، ۋەھالەنكى، مەيلى ئىسلاھات بولسۇن ياكى تەرەققىيات بولسۇن، مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇقىم مۇھىت بولمىسا ھېچ نەرسىنى باشقا ئېلىپ چىقارغىلى بولمايدۇ، قولغا كېلىپ بولغان نەتىجىلەرمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ تەرەققىيات، ئىسلاھات، مۇقىملىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن شەرھلەپ بەردى. قىسقىسى، بىز ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەسىلىلەرنى دىئالېكتىكلىق ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا، زىددىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىگە، شەيئىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىز مېتافىزىكا ۋە بىرتەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنالايمىز، ھەممىنى تۇتقان بىلەن مۇھىم نۇقتىنى تۇتالمايدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنالايمىز، شەيئىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئۆتۈپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇپ، توغرا تەدبىر بەلگىلەپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى سىياسىي نۇقتىدىن ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن

كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان مەيدانى ۋە پرىنسىپىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇلۇغ پرولېتارىيات سىياسىيونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا، ھەمىشە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى زامانىمىزدىكى خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسەت يۈكسەكلىكىگە ۋە ستراتېگىيە يۈكسەكلىكىگە قويۇپ، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئويلاندى، ۋەزىيەتنى ئىگىلىدى، ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979-يىلى چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سىياسەت، چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ ئەڭ چوڭ مەنپەئەتىگە، ئەڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ"، "دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرى، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى شۇنىڭغا باغلىق" («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 349-، 350-بەتلەر). ئۇ 1992-يىلىنىڭ باشلىرىدا جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سوتسىيالىزم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلمايدىغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمايدىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلمەيدىغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدۇرۇلمايدىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانمايدىغان بولسا، تۈگەشىدىغان گەپ. ئاساسىي لۇشيەن 100 يىلغىچە دەۋر سۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 770—771-بەتلەر) ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى سىياسىي نۇقتىدىن ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇستەھكەم سىياسىي مەيدانى ۋە دۆلەت ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىدىغان روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىش، ئىگىلەش ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەرلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشىمىز، ئەسلى ئەسەرلەرنى ياخشى ئۆگىنىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارماقىمىز، ئۆز ئىدارىمىزنىڭ ۋە شەخسنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتكۈل ئىلمىي سىستېمىسىغا ئوخشاش، ئەمەلىيەتكە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ئۈچۈن، يەنە پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەت-

لىك مۇھىم ھۆججەت ۋە فاكچىن-سىياسەتلىرىنى ئەستادىل ئۆگىنىش كېرەك. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي، ئەتراپلىق ۋە ئىجادىي يوسۇندا دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، بىر قاتار چوڭ-چوڭ توغرا تەدبىر ۋە پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. شۇڭا، بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم تەدبىر ۋە ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى بىلەن روھىي ماھىيىتىنى مۇكەممەل ۋە توغرا يوسۇندا ئىگەللەپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ھالدا ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

**(ئاپتور: مەركىزىي مالىيە-ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:$\frac{\text{ISSN1006－5857}}{\text{CN11－2498/D}}$
邮发代号:2－373　定价:1.80元　邮政编码 100013